# 130359 ـ يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئىجتىمائى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى بىر يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىگە ئايلىق 2000مىڭ رىيال ئاخىردا مۇكاپات ئۈچۈن 20مىڭ رىيال بېرىدۇ، بۇ مالنى ئالسا توغرا بولامدۇ؟مەن ئۇنىڭدىن ئىھتىياجىمغا لايىق ئالسام بولامدۇ؟بۇ مۇكاپات ئارتۇق بولۇپ قالسا بۇنى قانداق قىلىشىم كېرەك بولىدۇ؟،مېنىڭ بىلىشىمچە ئالىدىغان مۇكاپات مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە سەرپ قىلىدىغان ھاجەتلىرىمدىن كۆپ بولىدۇ.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پايدىلىق بولغان ياخشى ئەمەللەردىن بولۇپ، بۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن ۋە يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن دەپ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىغا ئىشارەت قىلدى ۋە ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. [بۇخارى رىۋايىتى5304-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2983-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "يېتىمغا ئىگە بولغۇچى دېگەن: يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك بېرىپ، ئۇنى ياخشى تەربىيەلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق شەرەپ ئۆز يېنىدىن مال چىقىرىپ ياكى شەرئى پرىنسىپ بىلەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ يېتىمنىڭ مېلىدىن سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىگە ھاسىل بولىدۇ".

ئىجتىمائى پاراۋانلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن نىزامىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: "2-يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش: بۇ ياردەم نىزامنىڭ 14-ماددىسىغا ئاساسەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان باللار ئاساس قىلىنىدۇ، ھىجرىيە 1395-5-13-كۈنىدە مىنىستىرلار كېڭىشى تەرىپىدىن چىقىرىلغان 612-نومۇرلۇق قارارغا ئاساسەن: مىنىستىرلىق يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان تەرەپلەرگە ئۇلار ياردەم ئېلىشنى خالىسا يېتىم باللىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئۇلارغا

تۆۋەندىكىچە ياردەم بېرىلىدۇ:

ـ ئالتە ياشتىن كىچىك بولغان بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىگە ئايدا 2000مىڭ ريال بېرىلىدۇ.

ـ ئالتە ياشتىن چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىگە ئايدا 3000مىڭ ريال بېرىلىدۇ.

3-يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئىلىش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىلىدىغان ياردەم: ھىجرىيە 1395-10-13-كۈنىدىكى 1430-نۇمۇرلۇق قارارىدا بېكىتىلگەن بويىچە: ئاتا-ئانىسى بىلىنمىگەن يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئىلىش مۇددىتى ئاخىرلاشقان ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن مالىيەدىن 20مىڭ ريال ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ". مىنىستىرلىكىنىڭ توربىتىدىن ئېلىندى.

http://www.mosa.gov.sa/portal/cdisplay.php?cid=10

نىزامدىن بىلىنگىنى بۇ مۇكاپات يېتىمنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر، بۇ يېتىمنىڭ كېپىللىكى ئاخىرلاشقاندا بېرىلىدىغان مۇكاپات بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ مۇكاپات ئائىلىنىڭ مۈلكىدۇر، بۇنىڭدىن ياكى يېتىمنىڭ خىراجىتىدىن ئاشقان نەرسىدىن پايدىلانسا توغرا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.